# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى

(بېشى 2 - بەتتە)

ياخشى قوغداش كېرەك. سۇ، تۇپراقنى ساقلاش، تەبىئىي ئورمانلىقنى قوغداش، تېرىلغۇنى ئورمانغا قايتۇرۇش، ئوتلاققا قايتۇرۇش، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، نۇقتىلىق ئەھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، دۆلەت زېمىنىنى يېشىللاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە سۇلۇق يەرنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل غەربىي قىسىمنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىش كېرەك. دۆلەت باغچىسى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(15) نۇقتىلىق رايونلارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇش. چىڭخەيدىكى ئۈچ دەريا مەنبەسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىش، چىليەنشەن ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، يەنزۇڭ رايونىنىڭ تاش - چۆللىشىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، بېيجىڭ - تيەنجىن قۇم - بوران مەنبەسىنى تۈزەش قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. فېنخې - ۋېيخې تۈزلەڭلىكى، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ رايونى، ئۈرۈمچى ھەم ئەتراپىتىكى رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، رايون ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىدىن بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر بۇلغانغان ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تۇپراق بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بۇلغانغان تېرىلغۇ يەرلەرنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن بىخەتەر پايدىلىنىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تۈزەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(16) غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ يېشىل تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش. بازار يېتەكچىلىكىدىكى يېشىل تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ يېشىل كەسىپلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ سۇ تېجەش ھەرىكىتى ھەمدە ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئومۇمىي مىقدارى ۋە سىجىللىقنى قوش تىزگىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىمىنى ئازايتىشقا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئايلانما ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، بايلىقتىن تەكرار پايدىلىنىش بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە باغچە رايونلىرىنى دەۋرىيلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك. دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. غەربىي جەنۇب رايونلىرىدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، دەرياغا قۇيۇلىدىغان بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى شەھەر ئىچىدىكى كەنتلەر، كونا شەھەر رايونى ۋە شەھەر - يېزا تۇتاشقان جايلاردىكى پاسكىنا سۇنى توسۇش، يىغىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. چېگرا ھالقىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

## بەشىنچى، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش

(17) مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. كوللېكتىپ چۆللۈك يېرىنى بازارلاشتۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى بېكىتىپ، شەخسلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئاساسلىق كەسپى تولۇق رىقابەتلىك ساھە بولغان سودا تۈرىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بايلىق خاراكتېرلىك مەھسۇلات قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنىڭ باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باھا بېكىتىش تەننەرخى ئۆچۈرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. رىقابەت خاراكتېرلىك ھالقىلاردىكى توك باھاسىنى تەرتىپلىك قويۇۋېتىپ، توك يەتكۈزۈش - تەقسىملەش باھاسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئاشۇرۇلما توك تەقسىملەش كەسپى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېلېكتر كۈچى نەق مال سودىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. سۇ مول مەزگىلدە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئورنىغا قويۇش قاتارلىق توك باھاسى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، غەربىي قىسىم رايونلاردا پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تەبىئىي گاز ئېلاستىك باھا مېخانىزمى ۋە يۇقىرى - تۆۋەن لىنىيەدە باھا ئۆتكۈزۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. بازارلاشقان، كۆپ مەنبەلەشكەن ئېكولوگىيەنى ئاسراش تۆلەم تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش تۆلەم تولۇقلىمىسى بازىرى سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىرلىككە كەلگەن تەبىئىي بايلىق، مۈلۈك سودا سۇپىسى بەرپا قىلىپ، تەبىئىي بايلىق، مۈلۈك پايدىسىنى تەقسىملەش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنىڭ چېگرا ئىچى - سىرتىدا پېيىنى بازارغا سېلىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى، قايتا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى قوللاپ، شىركەتنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز تۈرىدىكى زايوم، مۈلۈك ئاكسىيەلەشتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنى تارقىتىش ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلاردىكى كارخانىلار تۇنجى قېتىم پېيىنى ئاشكارا بازارغا سېلىش، يېڭى ئۈچ بۆلەككە ۋېۋىسكا ئېسىش، زايوم تارقىتىش، قوشۇۋېلىش - قايتا تەشكىللىنىش قاتارلىقلاردا يېشىل يول سىياسىتى تەتبىقلىنىدۇ.

(18) پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش. پەن تەتقىقات خادىملىرىغا ۋەزىپە دائىرىسىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. پەن تەتقىقات خىراجىتىنى ئىشلىتىشتە ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى قوللاپ، ئەقىل - پاراسەت كۆچۈرمىلەشكەن تۈرلەرنىڭ ۋاستىلىك خىراجەت نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ھەم يېڭىلىق يارىتىش نەتىجە - ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە مايىللاشتۇرۇش كېرەك. پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ مائاش تەقسىماتىدا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىنى كېڭەيتىپ، نەتىجە - ئۈنۈم مائاش تەقسىماتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

(19) ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش. يەرلىك ئىناۋەت قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت ئىشلىرى سەممىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ لەۋزىدە تۇرماسلىق جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش سۇپىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىناۋەت گۇۋاھلىقى بازىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىناۋەتى ياخشى ئىناۋەت مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، غەربىي قىسىم رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان ئىناۋەت گۇۋاھلىقى مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

(20) تىرىشىپ ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىش. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «چەكلەنمىگەن بولسىلا كىرگۈزۈش»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ۋە كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرى توغرىسىدا ۋەدە بېرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىش كېرەك. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش قاتارلىق خىراجەتلەرنى كۆچەپ تۆۋەنلىتىش كېرەك. «ئىككىنى ئىختىيارىي تالالاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىلەرگە قارىتا تەستىقلاشتا ئېھتىياتچان بولۇش، كەڭ قورساق بولۇشتەك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خالىغانچە تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا خەلققە دەخلى قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. رىقابەتلىشىش سىياستىنىڭ ئۈللۈق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئادىل رىقابەتلىشىشنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن بازار ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشكە توسالغۇ بولىدىغان تۈرلۈك بەلگىلىمە ۋە ئۇسۇللارنى تېزدىن ئىنقىلاپ ۋە بىكار قىلىپ، ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## ئالتىنچى، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش

(21) ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچەش. شەھەر - يېزا ئەمگەكچىلىرىنى ئومۇملۇق كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش سىياستى ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە دۆلەت ئورتاق تىلى بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەشكە، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. ئىشلەمچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقنى تۈگىتىش جەريانىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە يېڭىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكىللىرىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(22) مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى قوللاش. ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق يەسلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نامرات رايونلاردىكى يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش كېرەك. نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى تېز ياخشىلاپ، يېزا - كەنتلەردىكى كىچىك كۆلەمدىكى مەكتەپلەر، يېزا - بازارلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. ناھىيە رايونىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ئورنى تەمىنلەش - ئېھتىياج زىددىيىتى گەۋدىلىك بولغان رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپى تەمىناتىنى تەرتىپلىك كۆپەيتىپ، «چوڭ سىنىپ نورمىسى» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. زامانىۋى كەسپىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەسپىي مائارىپتىكى شەرق - غەرب ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى يۇغۇرۇش، مەكتەپ بىلەن كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى ئاساسىي تىل - يېزىق سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىداردىن پايدىلىنىش، ئالاقە توردا يىراق مۇساپىلىك مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قوللاپ، ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ كۈچەيتىش كېرەك. شەرقىي قىسىم غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ مائارىپقا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەمكارلىقىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ غەربىي قىسىم رايونلاردىكى كەسپىي مەكتەپلەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانىنى يولغا قويۇش كېرەك. غەربىي قىسىمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەلقئارادىن ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش سۈپىسى قۇرۇلۇشىنى غەربىي قىسىم رايونلارغا مايىللاشتۇرۇش كېرەك. مىنىسترلىق، كومىتېتلارغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر ۋە يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «زاكاز شەكلى»دە غەربىي قىسىم رايونلاردىكى كەسىپلەشكەن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلىشىگە ئىلھام بېرىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك.

(23) داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى ناھىيە دەرىجىلىك (بېكىتىلگەن تۆۋەنچىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دوختۇرخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ داۋالاش، سەھىيە شارائىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. داۋالاش ئۆي ئەسلىھەلىرى ۋە جابدۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، تېببىي خادىملارنىڭ كەسپىي تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلاردا بىرقانچە رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى قوللاش كېرەك. سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، ئالاقە تورى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ يىراق مۇساپىلىق داۋالاشنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نىڭشيانىڭ «ئالاقە تورى+داۋالاش - ساغلاملىق» بويىچە ئۆلكە كۆرستىش رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمىتىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچ ياشتىن تۆۋەن بوۋاقلار، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇلازىمىتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تېزدىن تولۇقلاش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك.

(24) كۆپ قاتلاملىق، كەڭ قاپلىغان جەمئىيەت كاپالىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئۆلكە دەرىجىلىك بىرتۇتاش پىلانلاشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى بېكىتىش ۋە ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى نورمال تەڭشەش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسغا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇناسىۋەتلىك يۆتكەپ داۋالاشتۇرۇش تەدبىرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشسىزلارنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى ئىلمىي بېكىتىپ، تۆۋەن كاپالەتنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىش كېرەك. بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى ۋاستە قىلغان «ھەممباب كارتا» مۇلازىمىتى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

(25) كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. ئائىلىلەرنى ئاساس قىلغان، مەھەللىلەرنى تايانچ قىلغان، ئاپپاراتلارنى تولۇقلىما قىلغان، داۋالىنىش بىلەن كۈتۈنۈش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى بازىرىنى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنى كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى كەسپىگە كىرىشكە پائال يېتەكلەپ، غەربىي قىسىم رايونلاردا كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كېڭەيتىپ، ئۇزاق مۇددەت ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش ۋە ئۆلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك. كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى كەسپى ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇش كېرەك.

(26) ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەقەملىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىدا بىرىكتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش رادىيو سۈپىسى ھەم يەتكۈزۈش، قاپلاش تورىنى بەرپا قىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممىۋى تەنتەربىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدان - سارايلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار مەيدان - سارايلارنى ھەقسىز ياكى تۆۋەن ھەققە ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(27) تۇرالغۇ كاپالىتى شارائىتىنى ياخشىلاش. تۈرگە، دەرىجىگە ئايرىلغان ياردەم پۇل ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ياردەم پۇلى مەبلىغىگە مايىللىشىش، قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىكار تۇرغان دېھقان ئۆيلىرىنى ئالماشتۇرۇش ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئاساسىي تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىنىڭ يانداش ئۈل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شەھەر - بازارلاردىكى ئوتتۇراھالدىن تۆۋەنرەك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن كىرىملىك تۇرالغۇ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئۆيى يوق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر - بازارلاردا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقان ئۆيى يوق سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى پائال ياخشىلاش كېرەك.

(28) ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھادىسە - ئاپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋپ - خەتىرىنى باھالاش تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھادىسە - ئاپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋپ - خەتىرىنى باھالاش ۋە يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ - تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپەت خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى كاپالىتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسى ھەمدە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پەن - تېخنىكا تىرەكى، تەشۋىقات - تەربىيە قاتارلىق ئىقتىدار قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يەر تەۋرەش ئاسان يۈزبېرىدىغان رايونلاردىكى ئۆي ئەسلىھەلىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش بىرلەشمە قوماندانلىق سۈپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ھەم بىرلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپى، تەجرىبە بازىسى ۋە تەجرىبە سۈپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. تايانچ قۇتقۇزۇش قوشۇنىنىڭ كەسپىلىشىش تېخنىكىلىق جابدۇق سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈش كېرەك.

## يەتتىنچى، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ۋە تەشكىلىي كاپالەتنى كۈچەيتىش

(29) تۈرگە ئايرىپ باھالاش. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئۇنىۋېرسال باھالاش كۆرسەتكۈچى ۋە ساھەلەرگە ئايرىپ باھالاش كۆرسەتكۈچىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەرقايسىسىنىڭ مۇھىم تەرەپپى بولغان، ھەرقايسىسىنىڭ خاسلىقى بولغان باھالاش مەزمۇنى ۋە كۆرسەتكۈچلىرىنى تەسىس قىلىپ، پەرقلىق باھالاشنى يولغا قويۇش كېرەك. تۈرگە ئايرىپ باھالاشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

(30) مالىيە - باج جەھەتتىن قوللاش. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ كىرىمنى ئايرىش ئىسلاھاتىنى پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەركەز مالىيەسى ئادەتتىكى يۆتكەپ چىقىم قىلىش ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى مەخسۇس يۆتكەپ چىقىم قىلىشنى تەقسىملەشتە، داۋاملىق تۈردە مەبلەغ تەقسىملەش كوئېففىتسېنتىنى ئاشۇرۇش، ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش ياكى يەرلىك مالىيە سېلىنمىسىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، غەربىي قىسىم رايونلارغا پەرقلىق ياردەم پۇل بېرىشنى يولغا قويۇپ، مايىللىشىش، قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونلىرىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر زور بولۇشتەك ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونلىرىغا يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، مەبلەغنى ھېسابلاپ تەقسىملەش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك مالىيە كۈچى بىرقەدەر ئاجىز بولۇشتەك ئەمەلىيىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت زايومىنىڭ ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا بولغان قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ ئادەتتىكى يۆتكەپ چىقىم قىلىش كىرىمى يەرلىك ھۆكۈمەت مالىيەسىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ھېسابلاش كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مالىيە ئىش ھوقۇقى ۋە چىقىم مەسئۇلىيىتىنى ئايرىشقا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىدۇ. غەربىي قىسىم رايونلاردا تەسىس قىلىنغان رىغبەتلەندۈرۈش تۈرىدىكى كەسىپ كارخانىلىرىغا قارىتىلغان تاپاۋەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەر مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى شارائىتى ھازىرلانغان ھەم ئېھتىياجى بار تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش رايونىدىكى كارخانىلارغا قوشۇلما قىممەت بېجىغا ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچى سالاھىيىتى بېرىلىدۇ. غەربىي قىسىم رايونلاردىكى رىغبەتلەندۈرۈش تۈرىدىكى كەسىپ تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنىلەرگە قارىتا، سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

(31) پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش. سودا پۇل مۇئامىلىسى، ھەمكارلىق پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىقلارنىڭ غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا مەدەت بېرىلىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى غەربىي قىسىم رايونلاردىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. دىرنى قايتۇرماي داۋاملىق قەرز ئېلىش، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلسا، مەسئۇلىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولۇش ئالدىنقى شەرتىدە، غەربىي قىسىم رايونلاردىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا داۋاملىق قەرز بېرىشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئىناۋەتلىك قەرز بايلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە يېتەكلەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭى مۈلۈك ئەمەلىي ئىقتىساد كارخانىلىرى ياكى تۈرلەرنىڭ مۇۋاپىق شەكىلدە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىگە مەدەت بېرىش كېرەك. يېشىل پۇل مۇئامىلە تەمىناتىنى كۆپەيتىپ، غەربىي قىسىم رايونلار ئىقتىسادىنى يېشىل تىپقا ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قانۇن بويىچە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇنلىشىپ، غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۈل ئەسلىھە ساھەسىدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خەۋپ - خەتىرىنى بىر تۇتاش ئۈستىگە ئېلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)